ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بىرتۇتاش تەلىم ـ تەربىيە قوللانمىسى

باشلانغۇچ 1ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# التوحيد

# تەۋھىد

## 1ـ قىسىم

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

# باشلانغۇچ 1- يىللىق

## 1- مەۋسۇم ئوقۇشلۇقى

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| 1ـ بۆلەك: رۇبۇبىيەت تەۋھىدى | |
| 1ـ دەرس: مېنىڭ بىلىشىم ۋاجىب بولغان ئىشلار | |
| 2ـ دەرس: اللّٰه مېنىڭ رەببىمدۇر | |
| 3ـ دەرس: اللّٰه نىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكى | |
| 4ـ دەرس: مېنى ياراتقۇچى اللّٰه تۇر | |
| 5ـ دەرس: اللّٰه نىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكى | |
| 6ـ دەرس: ماڭا رىزىق بەرگۈچى اللّٰه تۇر | |

# 1- بۆلەك

# رۇبۇبىيەت تەۋھىدى



# 1- دەرس مېنىڭ بىلىشىم ۋاجىب بولغان ئىشلار

ئوقۇتقۇچۇم بىلەن تۆۋەندىكى سوئال ـ جاۋابلارنى تەكرارلايمەن:

رەببىڭىز كىم؟

رەببىم اللّٰه




دىنىڭىز نىمە؟

دىنىم ئىسلام




پەيغەمبىرىڭىز كىم؟

پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ



ئوقۇتقۇچۇم بىلەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەكرارلايمەن:



اللّٰه مېنىڭ رەببىم



ئىسلام مېنىڭ دىنىم



مۇھەممەد ﷺ مېنىڭ پەيغەمبىرىم

## سوئاللار

1. رەببىڭىز كىم؟
2. دىنىڭىز نېمە؟
3. پەيغەمبىرىڭىز كىم؟

# 2- دەرس
# اللّٰه مېنىڭ رەببىمدۇر

ئوقۇتقۇچۇم بىلەن تۆۋەندىكى سوئال ـ جاۋابلارنى تەكرارلايمەن:

اللّٰه قەيەردە؟




سىزنى كىم ياراتتى ۋە نېئمەتلەرنى
كىم رىزىق قىلىپ بەردى؟



مېنى اللّٰه ياراتتى ۋە نېئمەتلەرنى
رىزىق قىلىپ بەردى.

تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەن اللّه نىڭ نېئمەتلىرىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇتقۇچۇم بىلەن تەكرارلايمەن:








## سوئاللار

1. رەببىڭىز كىم؟
2. دىنىڭىز نېمە؟
3. پەيغەمبىرىڭىز كىم؟

3- دەرس


# اللّٰه نىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكى

## ئاسمان ۋە زېمىنلارنى كىم ياراتتى؟



ئاسمان ۋە زېمىنلارنى اللّٰه ياراتتى.

## كېچە ۋە كۈندۈزنى كىم ياراتتى؟



كېچە ۋە كۈندۈزنى اللّٰه ياراتتى.

## كۈن ۋە ئاينى كىم ياراتتى؟



كۈن ۋە ئاينى اللّٰه ياراتتى.

## تاغ ۋە دېڭىزلارنى كىم ياراتتى؟



تاغ ۋە دېڭىزلارنى اللّٰه ياراتتى.

## ھايۋاناتلار ۋە ئۇچارلىقلارنى كىم ياراتتى

ھايۋاناتلار ۋە ئۇچارلىقلارنى اللّٰه ياراتتى.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ:


﴿اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ﴾

«اللّٰه ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر» (سۇرە زۇمەر 62- ئايەت).

### مەشىق

بۇ ئىككى سۈرەتكە قاراپ اللّٰه نىڭ قايسى مەخلۇقاتلىرىنى كۆرگەنلىكىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.





### سوئاللار

1 اللّٰه نىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن ئۈچنى ساناپ بېقىڭ؟

# 4- دەرس
# مېنى ياراتقۇچى اللّٰە تۇر

اللّٰە مېنى ياراتتى.

قۇلىقىمنى ۋە كۆزۈمنى اللّٰە ياراتتى.

اللّٰە مېنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرىدۇ.

اللّٰە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ﴾

«بىز ئىنساننى شەك شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق» (سۈرە تىن 4- ئايەت).

## مەشىق

تۆۋەندىكى ئىككى قۇرنى ئۈستىدىكى قۇرغا ئوخشاش بويايمەن.

**مەن مۇسۇلمان، مېنى ياراتقان اللّٰە قا ئىتائەت قىلىمەن.**

مەن مۇسۇلمان، مېنى ياراتقان اللّٰە قا ئىتائەت قىلىمەن.

مەن مۇسۇلمان، مېنى ياراتقان اللّٰە قا ئىتائەت قىلىمەن.

## سوئاللار

1 سىزنى كىم ياراتتى؟

2 قۇلىقىڭىزنى ۋە كۆزىڭىزنى كىم ياراتتى؟

# 5- دەرس ئاللّه نىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكى



ئاسماندىن يامغۇرنى چۈشۈرگۈچى زات ــ اللّه تۇر.



زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرگۈچى زات ــ اللّه تۇر.



بارلىق مەخلۇقاتلارغا رىزىق بەرگۈچى زات ــ اللّه تۇر.

اللّه تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾

«اللّه ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (ئاللاھنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر» (سورە زاريات 58- ئايەت).

## مەشىق

يامغۇر ياغقاندا مۇنداق دەيمەن:

**مُطِرْنَا بِفَضْلِ اللَّهِ وَرَحْمَتِهِ**

«بۇ يامغۇر بىزگە اللّٰه نىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى بىلەن ياغدى.»

بۇ زىكىرنى قايتا يازىمەن

بۇ يامغۇر بىزگە اللّٰه نىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى بىلەن ياغدى.

بۇ يامغۇر بىزگە اللّٰه نىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى بىلەن ياغدى.

## مەشىق

زېمىنغا يامغۇر ياغمىسا نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟

زېمىنغا يامغۇر ياغسا نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟





## سوئاللار

1. ئاسماندىن يامغۇرنى كىم ياغدۇرىدۇ؟
2. بارلىق مەخلۇقاتلارغا كىم رىزىق بېرىدۇ؟

# 6- دەرس
# ماڭا رىزىق بەرگۈچى اللّٰه تۇر



اللّٰه ماڭا قۇلاق ۋە كۆزنى رىزىق قىلىپ بەردى.



اللّٰه ماڭا تائام ۋە ئىچىملىكنى رىزىق قىلىپ بەردى.

اللّٰه نىڭ بىزگە بەرگەن نېئمەتلىرى ئىنتايىن كۆپ.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنْ تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا﴾

«سىلەر اللّٰه نىڭ نېئمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر» (سۈرە ئىبراھىم 34- ئايەت).

ماڭا نېئمەتلەرنى رىزىق قىلىپ بەرگەن اللّٰه قا شۈكرى قىلىمەن، ئىتائەت قىلىمەن ۋە ئاسىيلىق قىلمايمەن.

## مەشىق

يېمەك ـ ئىچمەكنى ئىستىمال قىلغاندىن كېيىن «اَلْحَمْدُ لِلّٰه» دەيمەن.

مەن بۇ زىكىرنى قايتا يازىمەن

اَلْحَمْدُ لِلّٰه اَلْحَمْدُ لِلّٰه

## مەشىق

مەن بۇ سۈرەتتىن اللّٰه نىڭ نېئمەتلىرىدىن ئىككىنى ئېيتىپ بېرىمەن.



## سوئاللار

بوش ئورۇننى تولدۇرىمەن:

1 مەن كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلايمەن ۋە ......... ......................... ھەمدە ئېيتىمەن.

2 بىزگە تاماق ۋە ئىچىملىكنى اللّٰه ................ قىلىپ بېرىدۇ.

بسم الله الرحمن الرحيم

# باشلانغۇچ 1- يىللىق

## 2- مەۋسۇم ئوقۇشلۇقى

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| 2 ـ بۆلەك: ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى | |
| 1 ـ دەرس: رەببىم اللّه قا ئىبادەت قىلىمەن | |
| 2 ـ دەرس: رەببىم اللّه نى ياخشى كۆرىمەن | |
| 3 ـ دەرس: ئىبادەتنىڭ بەزى تۈرلىرى | |
| 3 ـ بۆلەك: ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرى | |
| 1 ـ دەرس: دىنىم ئىسلامدۇر | |
| 2 ـ دەرس: ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى | |
| 3 ـ دەرس: ئىسلام ھەق دىندۇر | |
| 4 ـ بۆلەك: مۇھەممەد ﷺ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى | |
| 1 ـ دەرس: مېنىڭ پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ | |
| 2 ـ دەرس: مۇھەممەد ﷺ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى | |

1- دەرس

# رەببىم اللّٰە قا ئىبادەت قىلىمەن

اللّٰە مېنى پەقەت ئۆزىگىلا
ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى.

مەن رەببىم اللّٰە قا
ئىبادەت قىلىمەن.

اللّٰە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت
قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» (سورە زارىيات 26- ئايەت).

اللّٰە قىلا دۇئا قىلىشىم ۋە اللّٰە بىلەن بىرگە اللّٰە نىڭ غەيرىگە دۇئا قىلماسلىقىم ۋاجىبتۇر.

مۇسۇلمان اللّٰە تىن قورقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاسىي بولمايدۇ.

## مەشىق

يېزىڭ:

اللّە مېنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتى، مەن يېگانە اللّە قىلا ناماز ئوقۇيمەن ۋە روزا تۇتىمەن.

## سوئاللار

1 اللّە مەخلۇقاتلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنىڭ دەلىلى نېمە؟

اللّە تائالانىڭ (                    ) دېگەن سۆزى بۇنىڭغا دەلىلدۇر.

2 تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تاللاپ مۇناسىپ بوش ئورۇنغا قويۇڭ:

(ناماز، ئىتائەت، مەئسىيەت)

مۇسۇلمان (                    )نى ئادا قىلىشنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

مۇسۇلمان دائىم اللّە قا (                    ) قىلىدۇ.

مۇسۇلمان (                    )تىن يىراق تۇرىدۇ.

# 2- دەرس رەببىم اللّه نى ياخشى كۆرىمەن

مەن اللّه نى ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمەن چۈنكى اللّه مېنى ياراتتى، ماڭا رىزىق بەردى ۋە مېنى مۇسۇلمانلاردىن قىلدى.

## مەشىق

بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ:

مەن ناماز ئوقۇيمەن چۈنكى مەن (            )نى ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمەن.

## سوئاللار

بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ:

مەن اللّه نى ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمەن چۈنكى اللّه مېنى (                )، ماڭا رىزىق بەردى ۋە مېنى (                ) قىلدى.

3- دەرس

# ئىبادەتنىڭ بەزى تۈرلىرى

**ئىبادەت دېگەن:**
اللّٰه تائالا ياخشى كۆرىدىغان سۆز ۋە ئەمەللەردۇر.

ئىبادەتلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش، سەدىقە قىلىش، يالغانچىلىق قىلماسلىق ئۇنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

## مەشىق

سۆزلەرنى «سۆزلەر خالتىسى»غا، ئىش-ھەرىكەتلەرنى «ئىش-ھەرىكەت خالتىسى»غا سېلىڭ.

- سالامنى باشلاش
- مەسجىدكە بېرىش
- قۇرئان ئوقۇش
- سەدىقە قىلىش
- دۇئا قىلىش
- يېقىنلارنى زىيارەت قىلىش






## سوئاللار

1 تۆۋەندىكى ئىبارىلەرنى تولۇقلاڭ:

ئىبادەت دېگەن اللّه ياخشى كۆرىدىغان (          ) ۋە (          )دۇر.

2 بوش ئورۇنغا مۇناسىپ سۆزلەرنى تولدۇرۇڭ:

| اللّه ياخشى كۆرىدىغان سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر | اللّه غەزەپ قىلىدىغان سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر |
|---|---|
| ................................ | ئاتا ـ ئانىغا ئاسىي بولۇش |
| سەدىقە قىلىش | ................................ |
| ................................ | قوشنىغا ئەزىيەت بېرىش |

# 1- دەرس دىنىم ئىسلامدۇر

**ئىسلام دېگەن:**

اللّٰه قىلا باش ئېگىش، ئىتائەت بىلەن بويسۇنۇش، شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىدىن بىزار بولۇش.

## مەشىق

(ئا) قۇردىكى ھەربىر ئىبارىنى (ب) قۇردىكى مۇناسىپ سۆزلەرگە تۇتاشتۇرۇڭ.

| (ئا) | (ب) |
| --- | --- |
| اللّٰه نى يېگانە بىلىپ | بويسۇنۇش |
| اللّٰه قا ئىتائەت قىلىپ | ئادا ـ جۇدا بولۇش |
| شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىدىن | باش ئېگىش |

## سوئاللار

ئىسلام دېگەن نېمە؟

ئىسلام دېگەن — ..........................................................

..........................................................................................

# 2- دەرس ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى

## ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى

- اللّٰە تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش
- ناماز ئوقۇش
- زاكات بېرىش
- رامىزان روزىسى تۇتۇش
- تاقىتى يەتسە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش

**رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:**

«ئىسلام بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان: اللّٰە تىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، تاقىتى يەتسە ھەج قىلىش، رامىزان روزىسى تۇتۇش» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

## سوئاللار

بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ:

1 اللّٰه تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش،

2 ..........................................................................،

3 ..........................................................................،

4 ..........................................................................،

5 ..........................................................................

# 3- دەرس ئىسلام ھەق دىندۇر

- ئىسلامدىن باشقا ھەرقانداق دىن باتىلدۇر.
- مەن مۇسۇلمان، ئىسلامدىن باشقا دىننى قوبۇل قىلمايمەن.

**اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ:**

﴿وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلَامِ دِينًا فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الْآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾

«كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر» (سۈرە ئال ئىمران 85- ئايەت).

## مەشىق



**بۇ دۇئانى يادلاڭ:**

«اللَّهُمَّ يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ، ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ» «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى اللّٰه! قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن»

(ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى).

## سوئاللار

بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ:

1 (                )دىن باشقا ھەرقانداق دىن باتىلدۇر.

2 اللّٰه تائالانىڭ ئىسلامدىن باشقا دىننى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىغا مۇنۇ ئايىتى دەلىلدۇر: «كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، (                                                          )».

## 4- بۆلەك

# مۇھەممەد ﷺ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى

1- دەرس

# مېنىڭ پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ

بىزگە ئىسلام دىنىنى كىم ئۆگەتكەن

پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ﷺ ئۆگەتكەن.

- اللّٰە ئۇنى بارلىق كىشىلەرنى يېگانە اللّٰە قا ئىبادەت قىلىشقا ۋە اللّٰە تىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئېتىشكە چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.
- كىم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ.
- كىم ئۇنىڭغا ئاسىي بولسا دوزاخقا كىرىدۇ.

مەن پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ نى ياخشى كۆرىمەن.

مەشىق

مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا(
) دەيمەن.

## سوئاللار

1 (ئا) قۇردىكى ھەربىر ئىبارىنى (ب) قۇردىكى مۇناسىپ ئىبارىگە باغلاپ بېقىڭ.

| (ب) | (ئا) |
|---|---|
| مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ﷺ. | اللّٰه ئۇنى ئىنسان ۋە جىنلارغا |
| پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. | پەيغەمبىرىم مۇھەممەدﷺنى ياخشى كۆرىمەن |
| اللّٰه تىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئېتىشكە چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. | پەيغەمبىرىمنىڭ ئىسمى |
| چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنىنى ئۆگەتكەن. | اللّٰه ئۇنى يېگانە اللّٰه قا ئىبادەت قىلىش ۋە |

## سوئاللار

بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ:

1 رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىتائەت قىلغان كىشى (          ) كە كىرىدۇ.

2 (          ) ﷺ گە ئاسىي بولغان كىشى دوزاخقا كىرىدۇ.

2- دەرس

# مۇھەممەد ﷺ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر

- پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ اللّٰه نىڭ بەندىسىدۇر.
- پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.
- پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر.

## مەشىق

**مەن بۇ زىكىرنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئۈچ قېتىم يادقا ئوقۇيمەن:**

«رَضِيتُ بِاللَّهِ رَبًّا وَبِالإِسْلَامِ دِينًا وَبِمُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيًّا».

«مەن اللّٰه نىڭ رەببىم، ئىسلامنىڭ دىنىم ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ پەيغەمبىرىم بولغانلىقىغا رازى بولدۇم» (ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى).

## سوئاللار

**مۇناسىپ ئىبارىلەرنىڭ ئالدىدىكى دۈگىلەكنى بوياڭ.**

پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ

- ○ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلىدۇر
- ○ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر

